# سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

3

# ئاداش ـ ئاداش بولايلى




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

# ئاداش- ئاداش بولايلى

تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
زاماندىن پاكزات



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
تالىشىپ يېگەچ بىر ناننى
دەريا بويى بويلايلى.

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
ئۇلۇغ سۈنىڭ بويىدا
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.




ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
نېمە تاپساق تەڭ يەيلى.
ئورتاق بولۇپ ھەر ئىشتا،
گەپ ـ سۆز بولسا تەڭ دەيلى.

كېلىڭ دوستلار، ئوينايلى،
ئاداش ـ ئاداش بولايلى.
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى،
ئايرىلماس دوست بولايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۈشۈكۈم

مۈشۈكۈم - مۈشۈك،
ماراپ ياتار تۆشۈك.
ساقچى بولۇر كېچىسى،
كۈندۈزىدە شۈپشۈك.



# بۆره - بۆره هاپ - هاپ

بۆره - بۆره هاپ - هاپ،
كۆزى يانار لاپ - لاپ.
ئارىلايدۈ جاڭگالنى،
ئوزۈق ئىزدەپ هۈۋلاپ.

شاخ ئۈستىگە تىينچاق،
چىقىۋالدى تاقلاپ.
توشقان ئۈخلار خاتىرجەم،
ئىشىكىنى قۈلۈپلاپ.

جەڭگە تەييار كالىلار،
مۈڭگۈزىنى چاقلاپ.
ۋاي بۆره، ئاچ بۆره،
كەتتى مۈزلاپ، توڭلاپ.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پادىچى بالا

كالا ھەيدىدىم،
ھوش - ھوش !
چەتكە ئۆتۈك،
پوش - پوش !

ئات ھەيدىدىم،
چۇھ - چۇھ !
پۇشقۇرىدۇ
پۇھ - پۇھ !

ئىتىم كۈچ بەردى،
كالام سۈت بەردى.
دادام خۇش بولۇپ،
جىق كەمپۈت بەردى.



# تاماق پىشتى

«گاژ - گۇژ، گاژ - گۇژ، گاژ - گاژ - گۇژ»
تاماق پىشتى، كېلىڭلار.
قولۇڭلارنى پاكىز يۇيۇپ
ئەدەپ بىلەن ئېلىڭلار.

«گاژ - گۇژ، گاژ - گۇژ، گاژ - گاژ - گۇژ»
تاماق پىشتى كېلىڭلار.
ئاۋۋال چوڭلار، ئاندىن كىچىك
ئەدەپ بىلەن ئېلىڭلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى ھال

ئىككى خوراز سوقۇشتى
يۈز - كۆزىنى چوقۇشتى.
ئىناق بولۇپ ئىككى ئات
تەڭ ئوينىدى، چېپىشتى.

بىرى ئۆلدى خورازنىڭ،
يەنە بىرى يېتىقتا.
ئىككى ئات نام قازاندى
چېمپىيون بوپ چېپىشتا.




# قورچىقىم

قورچىقىم - قورچاق،
گۈل تەر بىر قۇچاق.
گۈللەر خۇش پۇراق،
مەن گۈلگە ئامراق.


قورچىقىم - قورچاق،
گۈل تەر بىر قۇچاق.
ماڭا بەر ئۇنى،
مەن گۈلگە ئامراق.



ماڭا بەر، ياق - ياق،
بۇ سۆزۈم چاقچاق.
ئۆزۈڭ بىلىپ بەر،
سەن كىمگە ئامراق؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاي يۇيۇندى

— ئاپا ـ ئاپا، قاراڭە،
ئاي چۈشۈپتۇ كۆلچەككە.
بولغاندىمۇ ئاي ئامراق
بوۋام ئېيتقان چۆچەككە.


— ئىشلەۋېرىپ ئاسماندا
توپا ھەم داغ بوپتۇ ئاي،
شۇڭا چۈشتى كۆلچەككە،
دەپ تازا بىر يۇيۇناي.

# بىر توپ مايمۇن

بىر توپ مايمۇن
تاغلاردىن كەپتۇ.
باغلارغا كىرىپ
مېۋىلەر يەپتۇ...

ئويناۋاتقانىكەن
باللار چۆمۈلۈپ،
ھەيران بولۇپتۇ
مايمۇنلار كۆرۈپ.

بىر مايمۇن دەپتۇ:
«ئەجەب سەت ئىكەن،
بۇ مايمۇنلاردا —
يوقكەن تۈك دېگەن!...»



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پەن تاتۇر (1)

غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
پەننى ئىككىمىز تەڭ تاتۇر.
چوڭ بولغاندا باي بولۇر،
مىنگەن ئېتىڭ تاي بولۇر.

غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
پەننى ئىككىمىز تەڭ تاتۇر.
چىشلىگىنىڭ ماي بولۇر،
تەختىراۋان جاي بولۇر.

غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
پەننى ئىككىمىز تەڭ تاتۇر.
ئىشلىمىگەن خار بولۇر،
ئىشلىگەنلەر باي بولۇر.



# پەن تاتۇر(2)

— غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
ئېيتىڭلارچۇ كىم باتۇر؟
— يالماۋۇزنى ئۆلتۇرگەن
چىن تۆمۇر دېگەن باتۇر !

غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
باتۇر ئۆڭكۈردە ياتۇر.
كېچىلىرى ئۇخلىماي
تاغلاردا ئېيىق ئاتۇر.

غات ـ غۇت، پەن تاتۇر،
قاچانلىققا تاڭ ئاتۇر؟
تېزرەك تاغقا بارايلى،
باتۇرلار ساقلاپ ياتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى بالا

ئولتۇرىدۇ بىر بالا
ئەينەككە قاراپ.
ئەينەكتىمۇ بىر بالا
تۇرىدۇ ماراپ.
بۇ تارىسا چېچىنى،
ئۇمۇ ھەم تاراپ،
بۇ كۈلسىلا، كۈلىدۇ —
ئۇمۇ ۋىلىقلاپ.
ئىككى بالا ئاشۇنداق
تۇرۇشار قاراپ،
چۈنكى قالدى ئىككىسى
بىر - بىرىگە ياراپ.



# ياڭاق

ياڭاق ـ ياڭاق،
ياڭاق ـ ياڭاق،
يوپۇرمىقى
چالار چاۋاك.
شېخى يەرگە
بەك ئېگىشتى.
دېمەك ئۇنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مېۋىسى پىشتى.
ئەمما ئۇنىڭ
مېۋىسى كۆپكۆك.
يەرگە چۈشمەي
تۇردۇ شۇپشۇك.
ۋاك يېرىلدى،
كۆپكۆك شۆپۈك.
سېرىق ئۈچكە
خۇش بولدى بەك.
چاقسام ئۈچكە
ئاچتى ئېغىز —
ئىچىدە لىپىلىق
ئالتۇن مېغىز.
ئوخشايدىكەن
ئالتۇن مېغىز —
چوڭ مېڭىگە،
قارىسىڭىز.
ئالتۇن مېغىز
(سىز بىلسىڭىز)
كاللىڭىز ئۆتكۈر
كۆپ يېسىڭىز.

# باتۇر جەڭچى

تاتتات، تاتتات، تاتتات ـ تات،
قولىمىزدا ئاپتومات.
دۈشمەن كەلدى، چەنلە، ئات !
بومبا كەلدى، مۆكۈن، يات !

ھۇررا، ھۇررا ھۇجۇمغا،
ئاستىمىزدا ئۇچقۇر ئات.
ئالدۇق مانا«جەڭلەر»دە
باتۇر جەڭچى دېگەن ئات.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەش بارماق

باش بارماق — بوۋام،
كۆرسەتكۈچ — مومام،
بىللە ئىككىسى
يېگەندە تائام.

دادامغۇ مېنىڭ
ئوتتۇرا بارمىقىم.
ئۆزى ھەممىدىن
باتۇر بارمىقىم.



نامسىز دېمەڭلار،
قويۇپ بېرەي نام.
كۆيىنەر ماڭا
مېھرىبان ئانام.

چىم - چىم، چىمچىلاق،
شۇنچىلىك ئوماق.
يوق بولسام،
تۆتى —
بوپ قالار چولاق.



# گۈل

گۈل - گۈل، قىزىلگۈل،
يوپۇرمىقى يېشىل گۈل.
ئوغۇت بېرەي، سۇ قۇياي،
پۇراق چېچىپ ئېچىل گۈل.

گۈل - گۈل، قىزىلگۈل،
مىجەز - خۇلقى ئېسىل گۈل.
سۇناي سېنى دادامغا،
گۈلدەستە بوپ تىزىل گۈل.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆمۈر تۇمشۇق

تۆمۈر تۇمشۇق،
تۇمشۇقى ئۇچلۇق.
چالىدۇ دۇمباق
ئورماندا «توك ـ توك».

دەرەخكە قۇرت
قىلالماس شۇملۇق.
كۆچەت بالىلار
ئۆسىدۇ بولۇق.



# ئېڭگى موما

— ئېڭگى موما،
ياغلىق بېرىڭە.
— چېچىڭىزنى بىر
يۇيۇپ كېلىڭە.
— ئېڭگى موما،
ئەڭلىك بېرىڭە،
— قاشلارغا ئوسما
قويۇپ كېلىڭە.
— ئېڭگى موما،
ئۈزۈك بېرىڭە.
— قوللارغا خېنە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



يېقىپ كېلىڭە.
ــ ئېڭگى موما،
كۆڭلەك بېرىڭە.
ــ سۈپسۈزۈك سۇغا
چۆمۈپ كېلىڭە.
ــ قېشىمدا ئوسما،
قولۇمدا خېنە.
پاك ـ پاكىز چېچىم
قىرىق تال ئۆرمە.
ــ ھە، ئېلىڭ ئەمدى،
ئاي بولۇڭ قىزىم.
ئەدەپ ـ ئەخلاقتا
گۈل بولۇڭ قىزىم.





# تەبىئەتنىڭ كۈيلىرى

1

شىلدىر ـ شىلدىر ـ شىر...
ئاقار ئېرىقلار.
سۇنىڭ ئىچىدە
ئۈزەر بېلىقلار.

2

هاۋ ـ هاۋ ـ هاۋ...
هاۋشىيدۇ كۈچۈك.
ئانىسىنى كۆرسە
قىلىقى چۈچۈك.

3

قى ـ قى ـ قى ـ قىق...
خوراز چىللايدۇ.
بالىلىرىغا
قورت ئىلغايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4

مۆ ـ مۆ ـ مۆ...
مۆرەيدۇ كالام.
دەيدۇ:«ئېمۋال —
موزيىم بالام»

5

گۇر ـ گۇر ـ گۇر...
شاماللار ئۇچتى.
دەرەخ شاخلىرى
ئۇسسۇلغا چۈشتى.

6

مە ـ مە ـ مە...
مەرەيدۇ قويلار،
قورسىقى ئاچتى
سەن بۇنى ئويلا.

7


قاق ـ قاق ـ قاق...
قاغا قاقىلدار،
ئوزۇق تاپالماي
نەپسى تاقىلدار.

8

مىياۋ ـ مىياۋ مۈشۈك...
ماراپ ياتار تۆشۈك.
چاشقان كۆرسە مۈشۈكنى
ئۈنلىرى ئۆچۈك.

# تىرناق قانداق ئۆسكەن

بەش بارماقنىڭ بەشى
بېگىز بولىمىز دەپ،
بىر - بىرىمىزدىن
ئېگىز بولىمىز دەپ،
ئۆسۈشكە كۈچەپتۇ.
ئاخىر ئۇلار ئۆسەلمەي،
بىر - بىرىنى بۆسەلمەي،
قاپتۇ شۇ پېتى —
تۇرقى، نام ئېتى.
ئاخىرى تىرناق
ئۇلار ئۇچۇن
ئۆسۈپتۇ - ئۆسۈپتۇ،
مانا مۇشۇنداق !



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئانار

ئانار خانىم
ئەجەب قىزىق:
باللىرى —
تىزىق - تىزىق.
ئانار خانىم
داڭق چىقاردى.
سىقساق راسا
قان چىقاردى.
ئانار خانىم
قاتتىق ئىكەن.
سۈيى — قېنى
تاتلىق ئىكەن.
— ئانار خېنىم
بولماڭ پىخسىق.
ئىچسەك سىزنى
ساقىيار زىق - زىق.



# بۇغداي

يول ئۈستىدە
بىر تال بۇغداي.
بىر چۈمۈلە
قانداق قىلغاي؟
ئىككى چۈمۈلە،
ئىرغاڭ ـ ئىرغاڭ.
توختاپ قالدى،
ئۇچراپ كاتاڭ.
چۈمۈلىلەر —
بىر، ئىككى، ئۈچ...
ھەمكارلاشتى
بىر بولدى كۈچ.
بۇغداي كىردى
گەمىسىگە.
ئوزۇق بولدى
ھەممىسىگە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەن باغچىدا ئۆي سىزدىم

مەن باغچىدا ئۆي سىزدىم،
ئۆي ئىچىگە گۈل تىزدىم.
تۆت تېمىدا تۆت ئىشىك،
ئىشىك يېنىدا ئېرىق.

ئېرىق بويىدا كېيىك،
كېيىك ئۈچۈن چۆپ سىزدىم.
ئاقسۇن سۇلار شىلدىرلاپ،
كېيىك ئوينىسۇن تاقلاپ.



# ئاپتاپ چىقتى

ئاپتاپ چىقتى پاللىدە،
ئۆي يورىدى ۋاللىدە.
ئاسىم بۈگۈن بەك خۇشال،
يۈز نومۇرنى ئالدى ـ دە.

قارا بۇلۇت قارايدى،
ھەر تەرەپكە ئالايدى.
كىملەر ئالدى ماي توقاچ
بارماق بىلەن سانايلى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇن تېرىسام

قوغۇن تېرىسام،
قاپاق چۈشۈپتۇ.
قاپاق ئېچىدە،
ياڭاق پىشىپتۇ.
ياڭاقنى ئاچسام،
قىز بالا چىقتى.
ئەتلەس كۆڭلىكى،
كۆك ئالا چىقتى.
ئەتلەس كىيگەن قىز،
كۆپ ياڭاق يەرمىش
ئازدۇرۇۋەتسەڭمۇ،
بىرنى بىر دەرمىش!



# بېلىق

بېلىق، ئەي بېلىق،
ئىككى مەڭزىڭ تىلىق.
سۇدا ئۈزىسەن
چىقىرىپ قىلىق.
سىلىسام تېنىڭ
شۇنچىلىك سىلىق.
سۇدا سەن قانداق
ئالىسەن تىنىق؟
دۇمبەڭدە بايراق،
بارارىڭ ئېنىق.
ئاستىڭدا پالاق
سەن گويا قېيىق.
سۇدىن ئايرىلساڭ،
ئۆلىسەن ئېنىق.
چۈنكى، سەن دېگەن
بېلىق ـ دە، بېلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




# يامغۇر ياغدى سىم - سىم

يامغۇر ياغدى سىم - سىم،
يوپۇرماققا تىم - تىم،
چاڭ - توزانلار دېدى: ھىم !
ئاندىن يەنە بولدى جىم.

يامغۇر ياغدى سىم - سىم،
يوپۇرماققا تىم - تىم،
قۇشلار راسا يۇيۇندى.
ناخشا ئېيتقان كىم - كىم؟

يامغۇر ياغدى سىم - سىم،
يوپۇرماققا تىم - تىم.
«ئەمدى بولۇق ئۆسەي» دەپ،
ناخشا ئېيتقان يېشىل چىم.



# قارلىغاچ

قارلىغاچ، ئەي قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالماچ.
ۋىچىر - ۋىچىر - ۋاچ،
سەن گويا بىر تىلماچ.

كەڭلىكلەرنى كېزىسەن
ئاچا قۇيرۇق قارلىغاچ.
بالاڭغا يەم ئىزدەيسەن
قايچا قۇيرۇق قارلىغاچ.

چۈجىلىرىڭ ئاۋۇسۇن
ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە.
چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن
ئۇلارغا ھەر كېچىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەرپ قوشقى

«ئا» ھەرپى ئاي،
«ب» ھەرپى باي،
«ي» ھەرپى ياي،
«ت» ھەرپى تاي.
ئايغا مىنىپ تاي
كۆككە ئۆرلىدى.
يايغا مىنىپ
كۆپكە كۆرۈندى.
ئاي، باي، تاي...
قالدىم يازالماي.
چىقسۇن ساۋاتىم،
قايتىدىن يازاي.



# بېده كۆكى



باهار كوُنده،
بېده بوُككده.
يەيمز چۆچوُره
بېده كۆكده.

ئاداش يوُرگنه،
باغقا كرگنه،
بېده كۆكلدى،
بېرپ كۆرگنه.


بېده تېرُەيلى،
ئۆيگه بېرُەيلى.
هەممز بلله
چۆچوُزه يەيلى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يامغۇر ياغلاق

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكەم ساغلاق.
مۇئەللىم كەلگۈچە،
يادلاپ ئالماق.
يادلاپ ئالساڭ،
يەيسەن قايماق.
يادلاپ ئالمىساڭ،
ئېغىزىڭ مايماق.
يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكەم ساغلاق.
ئەجەب قىزىق،
ئۆچكە ساغماق.



# ھاپ - ھاپ كۈچۈك

ھاپ - ھاپ كۈچۈك،
كاپ - كاپ كۈچۈك،
ھاۋ - ھاۋ - ھاپ،
سۆزۈك تاتلىق كۈچۈك.

يېتىپ ئۇخلاپ قالما،
ئوغرى كەلسە تالا.
ھاپ - ھاپ ئەتمە، چىشلىمە،
كەلسە كىچىك بالا.

ئەنە كەلدى كىرىم،
يۈزى قاسماق، قارا.
ئۇزۇن تىلىڭنى چىقىرىپ
ئۇنى سۆيۈپ يالا.




ھاپ - ھاپ - ھاپ،
كاپ - كاپ - كاپ.
مۆكۈۋالدىم بىر يەرگە،
مېنى چاپسان تاپ.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بال ھەرىسى

بال ھەرىسى غوڭ ـ غوڭ،
بىر جۈپ كۆزى چوڭ ـ چوڭ.
مېنىڭ بىلەن ئوينايدۇ،
گۈل پۇرايدۇ، تويمايدۇ.

بال ھەرىسى غوڭ ـ غوڭ،
يېنىدا بار خەنجىرى.
كىم ئۇنىڭغا چېقىلسا،
سانجىلىدۇ نەشتىرى.

كۆڭلەكلىرى چىرايلىق،
ئۇ گۈللەرنىڭ دوستى ـ دە.
ئويناپ يۈرۈپ بال يىغار
ئىش ـ ئەمگەككە ئۇستا ـ دە.



بال ھەرىسى غوڭ ـ غوڭ،
بىر جۈپ كۆزى چوڭ ـ چوڭ،
گۈللەر بىلەن ئوينايدۇ،
ئۆزىمۇ گۈل پۇرايدۇ.

# گۈل ۋە كېپىنەك

كېپىنەك ـ كېپىنەك،
ئۇچۇۋاتقان گۈل ـ چېچەك.
گۈل ـ چېچەك، گۈل ـ چېچەك،
قونۇپ تۇرغان كېپىنەك.

كېپىنەك ـ كېپىنەك،
كۆكلەم مېھمىنى.
گۈل بىلەن مېھمان،
قىلايلى ئۇنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاغرىپ قالدى قورچىقىم

ئاغرىپ قالدى قورچىقىم،
ئىڭە - ئىڭە يىغلايدۇ.
ئوكۇل سالدىم پىس - پىس،
ئەمدى جىم - جىم ئۇخلايدۇ.



# چۈمۈلە

— بەلبېغىڭنى چىڭ تارتىپ،
ئۆشنەڭگە قوناق ئارتىپ.
نەگە ماڭدىڭ چۈمۈلە؟
ماڭا راست دېگىنە !
— چىڭ باغلايمەن بېلىمنى،
باقماقچىمەن ئۆيۈمنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەسەن - ھۈسەن

ھەسەن - ھۈسەن چىقتى،
قىزىل، كۆك، يېشىل.
سېرىق، قارا، ئاق، سۆسۈن
شۇنچىلىك ئېسىل.

چىقتى كۈن يورۇپ
يامغۇر توختىغان چاغدا،
بىر ئۇچىدۇر باغدا،
بىر ئۇچى تاغدا.

ئۇ چاقنايدۇ يەنە رەڭ،
شەكلى يايسىمان.
رەڭدار ياغلىق ئاتقان قىز
بوپ قالدى ئاسمان.

# چاشقان

«چىر - چىر - چىر»،
چىرىلدار چاشقان.
مۈشۈكنى كۆرسە،
كامارغا قاچقان.

«چىر - چىر - چىر»،
چىرىلدار چاشقان.
ئاشلىق ئوغرىلاپ
ھەددىدىن ئاشقان.

«چىر - چىر - چىر»،
چىرىلدار چاشقان،
جاجاڭنى بەردى
مەن قۇرغان قاپقان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىمنىڭ قولى قاپقارا

كىمنىڭ قولى قاپقارا؟
مايمۇننىڭكى قاراڭلار !
ئۆزى بەكمۇ شوخ ئىكەن،
قولياغلىقى يوق ئىكەن.




# تايچىقىم

تايچىقىم - تايچاق،
قانتىق چەم ئاياغ.
تولىمۇ ئامراق
يۈرۈشكە ياياق.

تايچىقىم - تايچاق،
يايلىسى بايراق.
ئەركىن ماكانىڭ
ياپيېشىل يايلاق.




— مەھ - مەھ، يە بېدە،
سېنى مەن باقاي.
تىمەن چوڭ بولغىن
بەيگىدە چاپاي.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# داداڭ نەگە باردۇ

— داداڭ نەگە باردۇ؟
— تاغقا باردۇ.
— تاغدا نېمە بار؟
— تاغدا قويى بار.
— كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟
— كېلىدۇ.
— نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟
— ئوغلاق، قوزا.
— نېمە قىلىسەن؟
— بېقىپ - بېقىپ چوڭ قىلىمەن، قوتان - قوتان مال قىلىمەن.



## بىر تال پەي



بىر تال پەي،
لەيلەي
ئېگىز ئۇچاي
پەسلەي.
شامالباي
ھەي - ھەي،
ئېيتىدۇ،
ئەللەي.



بىر تال پەي،
بىر تال پەي.
ئېگىزگە ئۆرلەي،
كەڭ جاھاننى
كۆرەي،
بالىلار
كېلىڭلار،
مېنى ئاداش ئېتىڭلار.
ئالقانلارغا
چۈشەي.
ھېرىپ كەتتىم،
ھېرىپ كەتتىم،
ئۇھ، ۋاييەي.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئويناىلى

قاپاق تۇرگەن«بۇت»،
قولۇمنى چىڭ تۇت.
ئويۇن ئويناىلى،
ئاچچىقنى ئۇنۇت.



# ئالتۇن قورچاق

ئارقىدا تاق - تاق قىلىۋاتىدۇ،
مەيگە چۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ.
مەيگە چۈشۈپ قارىسام،
ئالتۇن قورچاق كېلىۋاتىدۇ.
ئالتۇن قورچاق كىمنىڭكى؟
ھۆسەن دېگەن بايىنىڭكى!
ھۆسەن بايىنىڭ نېمىسى بار؟
چىن تەخسىدە پىستىسى بار.
پىستىسىنى چاقىدىغان،
ئالتۇن قورچاق چىرايلىق،
قولىدا بار قولياغلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بالا ئاشلاش

ئاش بولساڭ ئىچىپ چىق،
قوقاق بولساڭ كۆپچۈپ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
ئاچ پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
چۆل پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارغا بار،
يالغۇز دەرەخكە بار،
كونا باغلارغا بار،
ئىگىز تاغلارغا بار،
ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار.
چىقساڭ چىق،
چىقمىساڭ ئىت تېزىكى بىلەن ئىسلايمىز،
يۇلغۇن كۆتىكى بىلەن چىتلايمىز.



# پات قۇرۇڭ

گۈلدۈر ـ گۈلدۈر، گۈلدۈركەن،
يامغۇر يېغىپ ئۆلگۈركەن.
يامغۇر شار ـ شار كەتكەندە،
يېتىپ كەلدىم ئۆستەڭگە.
سۇغا چۈشتى ئۆردىكىم،
ھۆل بولۇپتۇ كۆڭلىكىم.
تىترىدىما، شۈمشەيدىم،
ئېگىلىپ قالدىم، مۈكچەيدىم.
ئۆيگە پاتراق بارمىسام،
ئانامغا يالۋۇرمىسام،
ئاچچىقلايدۇ ئانىكام،
پاتراق قۇرۇڭ كۆڭلىكىم.
پات قۇرۇڭ، پات،
پات قۇرۇڭ، پات.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قاغىلار ئۇچتى


قاغىلار ئۇچتى،
بىنەمگە چۈشتى.
بىنەمنىڭ يولى —
ئېتىلىپ قاپتۇ.

بىنەمدە بۇغداي —
تۆكۈلۈپ قاپتۇ.
قاغىلار تويۇپ —
كېكىرىپ قاپتۇ.



# ئاق توشقان

ئاق توشقان، ئاپئاق توشقان،
سېغىزخاندىن ساق توشقان.
تۇخۇمدىنمۇ ئاق توشقان،
ئۇزۇق قۇلاق، مۈشۈك بۇرۇت،
ئاپئاق ماموق، ئاق توشقان.
يىپەك تۈكىنى يەلپۈلدىتىپ،
ئاپئاق قاردا يۈگۈرگەن.
بوتا تانەپ، تار ئېڭەك،
ئەلەس كۆزلۈك ئاق توشقان.
تىۋىش كەلسە يۈگۈرۈپ كەتكەن،
توخۇ يۈرەك ئاق توشقان.
ئۇۋاڭغا بېرىپ ياتساڭچۇ،
كۆپلەپ بۆجەن تاپساڭچۇ.
بۆجەنلىرىڭ كۆپىيىپ،
قىم ـ قىم بولسۇن ئاق توشقان.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چىمچاچاق

چىمچاچاق چىم ئويغاق،
ئۇكام بىلەن كىم ئويغاق؟
كۆردۈڭلارمۇ ئوماقلار،
مېنىڭ ئۇكام سەل ئويغاق.

چىمچاچاق چۆمۈلدۈرىمەن،
ئېرىقتىن قۇم ئالدۇرىمەن.
چىمچاچاقنى تەۋرىتىپ،
ئۇكامنى دەم ئالدۇرىمەن..





# يۇلتۇزلارغا سۆز

جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار
كۆز قىسىشىپ ئۆزىچە.
ئۇلار تۈننىڭ زىننىتى
بوۋىلارنىڭ سۆزىچە.

ساناپ باقسام ئۇلارنى،
سانلىرىنىڭ چېكى يوق.
ئاداش بولاي دېسەم مەن،
كۆز قىسىدۇ، گېپى يوق.

گەپ قىلىڭلار يۇلتۇزلار،
مەن دوستلۇققا يارامدىم؟
ھەممىڭلارنىڭ قېشىغا
مېھمان بولۇپ بارامدىم؟

# سادىر پالۋان قوشاقلىرى

بىر پۇرچاقتا بىر قوشاق
توقۇپ بەردىم ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم
گۈل مومامدەك ياخشىنى.

مومام توقۇغان بۆزدە —
ماڭا پوسما تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوچۇق تىكتى،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.

قىلىچقىمۇ يېتىشتىم،
ئالدىم تىكەن بېشىنى.
چىرىك قىلىپ چانىدىم،
سايىنىڭ قورام تېشىنى.



* *

سىپىلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

يامۇلدىن قاچار چاغدا،
قازانچى بىلەن قاچتىم.
چېرىكلەر قوغلاپ كەلسە
قار كېچىپ، داۋان ئاشتىم.

قوغلاپ چىققان چېرىكنىڭ
مىنگەن ئاتلىرى تاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

چېرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۈشۈردۈم بىلىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن،
نەيزە تىقتىم گېلىغا.

ئالۋانغا سۇرۇك بەرمەي،
يايى قامچىلاپ چىققان.
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

سادىر دەپ ئىتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

موللىغا بەردىم ئوقى دەپ،
بوزچىگە بەردىم توقى دەپ.
كىم سىنى خوراز قىلدى،
مېكىيانىنى چوقۇ دەپ؟

ئانىسىدىن يېتىم قالغان،
ئاتىسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان
ھەمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
تورۇق ئاتقا سامان بەرگەن،
سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن،
ھەمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

مېھمانلار كېلىپ چۈشكەن،
چىراغلار يېنىپ ئۆچكەن،
غەملىك كۆڭلۈمنى يەشكەن
سارىيىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
تۇندە قاۋاپ تاڭ ئاتقان،
جاپايىمنى تولا تارتقان
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
مېۋە ـ چېۋە پىشىدۇ،
ئۆزى پىشىپ، ئۆزى چۈشكەن
ئالما، ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ؟
ئاغزىمغا ئېلىم سالغان
داموللام ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ،
مېنى كىچىك دادام دېگەن
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئۆيۈمنىڭ تۆرىدە يېتىپ،
چاشقاننى ماراپ ياتقان.
كالا گۆشىنى تەڭ يېگەن
مۈشۈكلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېڭىلىتماقلار

بىز ئىچكەن سۇ،
مۇشۇ سۇ شۇ.

* *

قاچقان قۇشقاچ قوش قۇشقاچ،
ئۇچقان قۇشقاچ ئۇچ قۇشقاچ.

* *

تۆت ئۇيغا تۆت توقۇم،
تۆت تۆشتارتقۇ، تۆت قۇشقۇن.

* *

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت تەكچە،
چەتتىكى چاك تەكچە.

* *

ئاق تاش ئاقمۇ،
كۆك تاش ئاقمۇ؟

* *

ئاق مەخمەل پايپاق،
كۆك مەخمەل پايپاق.

*　　*

ئاق ماپا، كۆك ماپا،
مېنىڭ ئادىشىم پالوپا.

*　　*


كۆك ئالا كېپىنەك
كۆكلەمدە كەلدى كۆپ.
كۆرگىن دەپ كۆركىمنى
كۆپ قىزغا كۆرسىتەر.

*　　*

كالا گۆشىگە چوغ چاپلاشماسمىش

*　　*

بىزنىڭ شال ساپ شال.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئاداش - ئاداش بولايلى



ISBN 978-7-5371-5721-6

باھاسى: 6.00 يۈەن